ىدە بولغان خطاى خلقىنىڭمو، مركزى حكومتنىڭ
مو، دوشمىنى بولغان- مانجو گوننىڭ عسكرلىرى
پەيدا بولوب قالدى. بوروندىن اقتصادى احوال
اغىر بولوب تورغان ئولكونىڭ ئەحوالى، نهايتى
كـــوب دەرىجىدە بولغان عسكر لرنى ئوتورەلمە
سدىن يەنىمو ناچار لاشدى .

اقتصادى ناچار خلقلرنى عسكر لرنىڭ زورلوق
لىرى وە تالاشلرى نتيجەسىدە جايلاردا خاطر جمع
سزلىكلەر پەيدا بولدى. كېچىلرى بولاڭچىلــق

هەمە کېزلەر تونوشتوگز لەر. خطگە ئوز واقتیدا
جواب بېربلەن ئېلدی شونداقتېمو خطنك ئادم
عقلېنی هېران قالدورارلق جایلری ئوستېدە نها
یتی قسقېچە توختاب ئوتوشکە روخست قلېشگـ‍ـز
لرنی ئوتونومەن. (گولدوروس ئالقشلار) جاك
بو جاك افندینی بزگە یازغان خطېنك برجایېنی
ئوقوب بزنهایتی تعجبلەندوق: «غولجە طرف اعضا
لری ئورومچیگە کېلیب قورقوتوش ئوسوللاری
نی قوللاندی. دیەشی بورینك -قویغا، «سەن مە
نی قورقاتدیك» دیگەنگە ئوخشاشلا ئەمەسمو.
(کولکە)؟! ئورومچیگە غولجەدین ئاللدی کەینی
بولوب تورت حکومت اعضاسی و ئولار بلەن 11 خز
متچی باردی. پولېتسیە تولوق بورونقی ئاپپاراتی،
عدلیە تولوق بورونقی ئاپپاراتی، تورمېلر تو
لوغی، حربی ئورونلار ژاندارمېسی، گومېندالك
ئولکە کامېتېتی، بانکا، مالیە، ساقچی ئورونلری،
پوچتا، تلگراف، تاموژنا حتی صحیە وە باشقا
ایدارە لر تولوغی بېلەن ئوز گەرمەی بورونقی
ئاپپاراتېنی ساقلاب توروب، ئولارنك ئوستېدە
غربی- شمال، مدیریتی توروب، تورت اعضا هەمەنی
قورقوتوب سقدی- دیگېنی بر کولکە ئەمەسمو؟!
اولکەدە بتم امضالانغاندین کېین عکس
الحرکتچی دەب نام ایلب میدانغا چقب قالغان بر

مەسەلەن : تنجلیق صحبتیدە توزولوب تورغان
چاغدا« عدلیه و باشقا مرکزگه قاراشلیق، ئیدا
رەلرنی ئاپپاراتلرینی ئوزگەرتش ئشلری ئول
کولوك حکومت اختیاریدا بولودو» دیلگەن
ئیدی. لیکن، بتیم امزالانغاندین کیین اولکولوك
حکومت ئازچەلیك حقوقلارغا ئیگه بولالمای قال
دی. شونداقتیمو بز مسئلەنی ینه قوزغاب یورو
شنیك حاجتی یوق دب دنزنك مرکز ئالدیغه
«ئولکەنیك ملی تەرکیبی اعتبارغا ایلنیب عالی
عدلیه کوللیگیه لیك بولسون، عالی عدلیه
کوللیگییەسیگە بر خەنسو بر ئویغور، بر قازاق
بر مونغول، بر تونگان کیرگوزولسون، جایلاردی
کی عدلیه ئورونلاری یەرلیك خلقدین تشکیل
قلنسون» دیلگەن تکلفنی قویدوق بو تکلفیمز
نی سوزدە قبول کوردی. لیکن عملیتدە بوروز
قی عدلیه عملدارلری تولوق ساقلاندی. بووه
عدیگه وافا قلماغانلیق یاکی ئالدامچلیق ئەمەس
مو؟! عموماً عدلیه ئورونلری تا شو کونگیچە
بتونلەی ئوزگەرتیلمەدی. عدلیه ئورونلریدیکی
فاراخور عملدارلار جایلاردا قانونسیز عاممەوی
قاماش اشلرینی داوام قلدوروب جایلاردا خاطر
جمعسزلیك بولوشقا سەوەبچی بولدی. اعلان
قلنغان چاغ بو جاغ جنابلرینك بزگه یازغان خطی بلەن

خلقىمىز باشلىرىدىن توختالماي يوگەن سىياسىتقا
هيچ واقتىدە بوى بەرمەيدو . ( قاتتىق ئىشلەش-
لار ) بىزنىڭ جنوب سەفرىمىزدە ئاقسو ، يەركند ،
خوتەن ولايتلىرىدە ايچىلغان مجلسلەردە خلقلار-
نىڭ بىر ايغىز خلقچىلىق روحىدىكى بەرگەن تك-
لىپلىرى اوچون ئاياق -- قوللىرى سوندورول-
غانلغا قدر كالتەكلەنگەنلىكى ، جنوب سەفرىگە
قاتناشقانلارنىڭ كوز ئالدىدىن اوتدى . مثلا :
اقسودا سامساق دىگەن كىشىنىڭ شاگىرتىنىڭ اوس-
تىدىن شكايت قلغانلىغى اوچون اورولوشى ،
ئاتندىكى مجلسدە بىر ياش « بىتم اجرا قلن-
سون » دىگەن سوزى اوچون اورولوشى ، يار-
كندە 39 ناحيەلىك كىگەش اعضاسىدىن 31 نىڭ
شهردە تور الماي قچىپ يوروشى ، خوتندە «محمد
امين ئوتكوزگەن سايلام توغرى » دىگەن سو-
زى اوچون عبدالعزيز قارى ، محمدالدين حاجى
دىگەن كىشىلەرنىڭ اورولوب ئاياق قوللىرى سوندو-
رولوشى بولارنىڭ هەممەسى بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا
اوتكەن فاكتلار دور . يازساق بىر داستان بو-
لارلىق مثال كلتوروش ممكين ؛ ئاممابارلىق
ايش هەممەگە معلوم بولغانلقدين ، دوشو هەم
كفايە بولار دەپ اويلايمەن .
ئەمدى اولكولوك حكومەت تركيبىنىڭ اوز

ونچه کشیلرنڭ خلق نەزەرىدىگە اوچراب زالغاز
لقىنى غولجىدىن بارغان وەكىللار اوستىگەيوك
لىمەكچى بولدى. تور فاندا اناچەنشون خلقدىن تاياق
يەب هاپىلغاندىن كىين، كوچار خالقى سيعداحمد
موستىدىن عريضه بەرگەندىن كيىن . دوتەن خلقى
خادو كىباشنىڭ اوستىدىن شىكايت قلب زار يغ--
لىغاندىن كيىن، اورومچىدىكى قازاق ضيالى
ياشلرى داديوالڭ اوستىدىن زار قاقشاب شكايت
قلغاندىن كيىن بولار اوزلرىدىن -- اوزلرى
مشهور » بولوب قالمىدىمو ؟! ياكى عكس
الحركتچىلەر ياخشى ئادملر قتاريغا جوفالڭ گاش
نى قوشماقچى بولامدو ؟ ئانداق بولسا اونكيگه
شڭشى سەى اوجك شين لرنى قايتىدىن بتونلەى
عملدارلارنى بلەن ايلىب كلىش كىرەك ئەمەسمو ؟
عكس الحركتچىلر بوروندى اولكىدە ايشلگەن
عملدارلرىنى تولىق ساقلاب قلب يڭگى سىياستى
نى يورگوزمەكچى بولغانلقلارىدا تعجبسىدا او
لارنڭ سىياستى بحرانغا اوچرىدى. ( ئالقيش )
ئاساس سببىنى ئەنە شوندو كىدىن ئىزدەش لازم .
مستبد ظالم عملدارلار واسطەسى بلەن حر--
گىز خلقچىلق-سىياستىنى يورگوزوب بولمايدو.
ينه شىنى ياخشى ئەسلەه توتوش كىرەككى،

ـلىينى خلق ھمايەسىدە ايكەنلىگىنى سايلام نە
تىجىسى - كورسەتمەسمىدى. ؟ ! بو بزنىڭچە خلق
چىلقا قارشى پوزىتسىيەبولوب ھىچقاچانلىكبىلەن
خلقچىلىق سىياسىتىنى ھەلگە ئاشوروشنى ئىزدى
ـمىگەنلىكىدور .

كېڭەش مەجلىسىنى كىيىم ئاچقوز مەغانلقى، بوتون اولكە خالقىگە معلوم بولوب توروب، اونىڭ ايچىا مەغانلقىنى بزگە دوشگەشكە ئورونوش - اولكولۈك حكومت رەھبرلىكىنى اوز گەرتىش نتىجەسىدە اوچرىغان بھرانىنى اقرار قىلىشدىن باش تارتىش وە ئىزا تارتىشنى يىشقا ئورونوشدىن عبارەت ئەمەسمو؟ موشو يلنىڭ 25- فيورال كونى عكس الحركتچىلەر اوروەچىدە اولكولوك حكومت اعضالرىنى قورغان ئىچىگە قاماب ئىلىب فاجعەلىك واقعە توغدوروب، بوتون اولكەدە اوروش اوتىنى يقىشقا قل - قالغانلقى ھەمىگە مەلوم ئەمەسمىدى؟

٦ — مارت كونى اوروەچى شەھرىدە بزنىڭ قطعى قارشىلقىمزغا جمعيت تىنجلقىنىڭ مسئوليەتىنى اوستىمزگە ئىلىب تورغانلقىمزغا قارىماسدن قاتتىق حربى حالەت اعلان قىلىب، مركزنىڭ عسكرلرى اوروەچى خلقىنى تالىغانلقى حتى ئولكولوك حكومت معاوين رەئىسى بولغان

گوروش مەسئلەسیگە كەلسەك مسعود افندیمنڭ
رەئىسلیگی توغرولوق خلق ئاوازیغا قولاق سیلش
سالماسلق، مركزنڭ ایشی ؛ لیكن بز تەركیبیـ
گە كرگەن اولكولوك حكومت طرفلرینڭ كلیـ
شیش نتیجەسیدە تشكیل قلنغان قوشما اولكو
لوك حكومت ایدی. ئو، ئولكولوك حكومت سوزسز خلق
حمایەسیگە ئیگە حكومت ایدی.
ئو ئولكولوك حكومت ایغر وضعیتلەر بول
سیمو، اوز ئشینی اوتەپ كتب بارغان اولكو
لوك حكومت ایدی.
اولكولوك حكومتنڭ رەھبرلیگی بز طرف
نی خبریمز بولماسدین تصادفی اوز گوروشی
وە اوز گوروش بلانلا، خلق برلیگینی تامین
ایتەلمەیدیغانلغی بلینگەندین كین البتە بزاوز
لاق حكومتكە كرەلمیدوق (ئالقشلار) بز كیرمیـ
گەن اولكولوك حكومت بز كرگەن اولكولوك
حكومت ئەمەس. ئەگەر مركزنڭ بزنڭ اولكیدە خلقچـ
لقنی چین كوڭلی بلەن یورگوزوش مدعاسی
بولسا، هەم مسعود افندیمنی اولكولوك حكومت
رەئىسلیك وظیفەسیدە كورگوسی كەلسە ئاز
قالغان اولكولوك حكومتنی قایتا سایلاش مدەتیـ
گە قلەر كوتوب توروپ، مسعود افندینڭ نامزا
دین سایلام واقتیدا میدانغا تاشلیسا مسعود افنـ

تنج ياتقان ئادەملەرنى اولتوروش ئوروش اوتىنى يقش قائورونغان اغوا-حركت بولماي نيمە بوليدو؟ بولار عسكرلەرنڭ، سياسى ساقچىلەرنڭ وە عدليە اورونلرى نڭ جمعيت خاطرجمعلكينى بوزوشديكى كچيك فاكت لرى. بز تنچلق مندا كيرەسى باشلانغاندىن بيرى يە نى 1945-يل 10-اوكتەبردىن باشلاب زادى قوراللق حر كت قلدىمو؟ ياكى قوراللق حركت تاشقا اورونتوق مو؟ دليللكدا كتلەر: مستبد عنصرلەرنڭ يارتيغان «تن چلقى» عكس الحركتچىلەرنڭ يوگەنسز تيرورلوق حر كتلرينى محافظت قليدىغان وە مركز عسكرلرينڭ مخفى سياسى ساقچىلارنڭ وە هم فاراخور، سود عملدارلرينڭ خاطرجمعلىگنى وە تنچلقنى ساقلايديغان «تنچلق» ايكەنلگينى اثباتليمامدا. تەتور حركتچىلەر اولكولوك حكومت رەئيسلكيـ گە مسعود افندم بولغاندىن كيين بوتون اول كە خلقچيل اربابلرينى بتمنى حمايە قلىوچى خلقچيل زاتلارنى « بولارنڭ اولكونى جونگگو دن ئاجريتش مقصدى بار» ديگەن تهمت بلەن يالغاندىن نەيبلەپ الغار فكرلك خلقچيل عنصرلر نى يوقاتماقچى. خلق ئاراسيدا ئوچوق تيرور يورگوزوب خلقنى يورەك ئالدى قلماقچى؛ خلق نى حقوقدىن كيچشكە مجبور قلماقچى بولودو. بز بتمگە امضا قلشيمز بلەن بوتون اولكو

كىشىنىڭ بىرئاۋمىلتقىنى تاتىپ ئېلىشى اغوا حركت
دەپ تونۇلمامدۇ؟ عكس الحركتچىلەر بىزتوزۇلوپ
قالار دېگەن اومىد بىلەن ئالتاي واليسى قىلىپ
بەلگولىگەن عثمان باندىت گە خائنلىق تخت
وعدىسىنى بېرىپ، عسكر و قورال بېرىپ، ئال-
تاي ولايتىگە بو يىل كوكلەمدە هجوم قىلىپ
ئالتاي وە قوبوق خلقىنىڭ مال مولكىنى تالىغاز
لىقدىن، عذابلانغان ئالتاي خلقىنىڭ باندىت عثمان
نى ئالتايدىن هايداپ چقارغانلىقىدىن وە او واق
عەنى تكشوروش اوچون، ايبەريلگەن برهان
افنـدى معاون رەئىس، تنجلقنى قوغداش عس
كرلەر شتاب باشلىغى دالئبى گالك، معاون ناظر
رحيم جان وە قازاق اويوشما رەئيسى قاسمجان
افندى. ئاقىن افندىلەر نەكشووش نتيجەسى
دە، چقارغان خلاصەدن حكومت خبرسزمىدى؟ او
روش اوتىنى يقشقا اورونغان كورەك مللىتارى
ست عكس الحركتچى عنصرلر گە چارە كورولدى
مى؟ بو قيتممو، هيچ نرسەدن هيچ نرسەيوق،
هيچ قانداق خبرسز تنج تورغان ئالتاي ولايتىگە
قورالىق هجوم قىلىپ هيچ قانداق احتياتسز، تنج
تورغان و ساقلانمىغان ئالتاي ولايتىنىڭ بىر قس
مىنى عكس الحركتچىلار طرفىدىن قوراللانغان
عثمان باندىتىنىڭ باسقونچىلقى بىلەن بولاپ تالىشى وە

شونىڭ بىلەن بىللە لېكىن اگر مركزى حكومت بتە
نى اورونلىيالمىسا قوراللىق كوچىنى ئىشلەتسە ئو وا
قتدا 3 ولايت خلقى اوز ينىڭ قولغا كەلتورگەن
خلقچىلق ئەركىنلىك حقوقلارىنى ساقلاش اوچون
بر تامچا قانى قالغونچەلىك كورەش ايلب بارىش
قا مجبور بولىدىغانلقى توغرولوق اوختورغان
ئىدى. ( گوللوراس ئالقشلار )

بتم عملگە ئاشمىغاندىن كېين خلقچىلق، ئەر
كىنلىكلەر اورنىغا خلق اوستىدىن تېرور سياستى
يورگوزولوشكە باشلىغاندىن كېين ئىزنگلىنموتولا
تنجلق بتمگە امضا قلغان خلق و كىلىلرىگە تنجلق
بتمنى تىز گەن 3 ولايتكە قارشى اغوا حركتـ
لرىنى ئوچوقتىن ئوچوق باشلىغاندىن كېين بوز
لاق مستبد سياستنىڭ مسئوليتىنى البتە بز
اوستومزگە ئالالماس ئىدوق. تشكيل قلنغان اغ
والردن باشقا يەنىمو چوڭراق اغوالار بولوش
احتمال ئىدى. شونىڭ ئوچون اغوالرگە يول
بەرمەسلك ئوچون بز فايتتوق. ( ئالقشلار )

عكس الحركتچىلار ئەركىن 3 ولايت دائيرە
سيدە ئيلى انقلابيدن بورونقى ئىدىئالىنى باش
قىدىن تىكلەشكە ئورونىدى. اولار 3 ولايت خلقى
نى قايتىدىن قول قلشقا ئىزدىدى. اولار 3 ولايتدە
يەنە مستبد سياستىنى يورگوزمەكچى بولدى.

نىڭ جوڭگو دائىرىسىنى بولوشىنى اقرار قى
لىوق. بوتون اولكه خلقى شو جملەدن اوزىنى
مستقل شرقى توركستان جمهورىتى دەب اعلان
قىلغان دائىردىكى (3ولايتدىكى) خلقلەر بوبتمگه
راضى بولمانلىغىنى بىلدوروب بتمگه امضا قىلغوچى
وكىللرىنى تولىق حمايه قىلشقا كوشلىنى . (آلقشلار)
لىكن بتمگه راضى بولوش دىگەن سوز اولكى
دە ياشىغوچى اوىغور، قازاق، موڭغول، تونگان
و باشقا خلقلەرنىڭ عصرلەر بويىچه موجود بو
لوب كلگەن آتا - بووالارنىڭ عرف ـ عادتلرىنى
آنانىلىنى وه مللى حقوقلرىنى يوق قىلش؛ خلق
چىل ئەركىنلىك حقوقلاردن واز كچش دىگەن
سوز ئەمەس: وه بلكى بوتون اولكه بويىچه
حقيقى خلقچىل سىاستنى يورگوزوب هر ملتـ
نىڭ ملى مدنيتىنى كوتوروش اقتصادى ئەحوا
لىنى ياخشىلاش يولى بلەن عملىەتدە ملتلەر برا
برلىگىنى تعىين ايتش دىگەن سوز ئىدى.
اوچ ولايت خلقى اوزىنىڭ ئوروم‌چىگە ئىوەت
كەن وكىللەرىگە بتم بويىچه بوتون اولكه خلق
لرىگه بىرلگەن سياسى اقتصادى حقوقلرىنى
عملگه آشوروشدا ئىچكى ئانىش - تارتشلارغا
قان توكوشلەرگه يول بەرمەى فقط تنچلق يو
لى بلەن ئش ايلب برشنى تاپشورغان ئىدى.

لار اولتیده ملتلەر ئارا مللی ضدیتچلك اوتنی
یقشی مەنسەبلان توشوب قالغان بوروندقی عمل
دارلار بلەن یېڭی خدمتکە اولتورغان خدمتچی
لەر ئاراسیدا قاریمو-قارشیلق توغدوروش، خلقنی
راسیدن سیقب چقریب تاشلاغان مستبد عنصر
لارنی قوراللق کوچ بلەن حمایە قیلب ئولەرنی
خلققە قارشی قویوشی، نی سەنچیلەرنڭ قصدەن
واقتیدا پولینی قایتورماسدن اولرنی ملك
ئیگەلاریگە قارشی قویوشی، ممکن قدر یاشلار
بلەن قریلر اوتتورسینی بوزوش علاجی بول
سا ئانا بلەن بالا ئاراسینی بوزوش، ئش قیلب
بولگونچیلك سیلشقا امکانیت تاپقان جایدا بو
لوش، بوزوش 7 ولایت خلق ئاراسیدا 3 ولایت
خلقیغە قارشی فتنە اغوالار تارقتیب 7 ولایت
خلقینی 3 ولایت خلقیغە قاریمو قارشی قلشی،
ممکین بولغان تقدیردە اوز قولیمز بلەن ممکین
بولدیغان تقدیردە اوز قولیمزنڭ دالدیسیدا کریب
ایلب اولکەدیکی ملی ئازادلق حرکتینی بوغوب
تونجوقتوروش وە اولکەدە ملی ئازادلق حرکتت
ئوچوغی بولغان 3 ولایت خلقیدن انتقام الیشی
بوتون اولکە خلقلارینڭ ئەرکنلك تایانچیسی بو
لغان 3 ولایت خلقینڭ ئەرکینلیگینی یوقوتوش ئشلا
لارینی ئاساسی مقصد قیلب پلانلق حرکت قلی
واتقان. بولسا 2نجی طرفدن اولکەدیکی رسمی

—اگەر عكس‌الحركتچيلەر تارباغاتاي، ئالتاي ولايتلريدە ئيلى انقلابيدن بورونقى ئەحوالاتنى ينه اورناتماقچى بولغان بولسا، ئولەر كوب يڭلشقان بوليدو. چونكى 3 ولايت خلقى انقلابدن بورونقى حالەتنڭ ينه تكرارلنشيگه هرگز راضى بولمايدو. يالغوز 3 ولايت خلقى ئەمەس بوتون اولكه خلقى ئيلى انقلابيدن بورونقى بوتون حالتيني ياكى باشقا يته ولايتديكى حاضرقى حالەتنى ساقلاب قلشيني هرگز خاهليمايدو. اگر ئشقا جديرك قاريساق يالغوز 3 ولايت اوچون ئەمەس بلكى، بوتون اولكه بويچه بوليديغان حالەت بتمنڭ ماددەلريدە ئوچوق كورسەتولگەن ئيدى. ئەمدى بزنڭ اوتموشديكى تاريخيمز كينەكى واقتدا خلقچيلق سياستيني تورموشقا ئاشوروش اوچون قلغان كورەش تجربەمز بزگە خلقيمزنڭ برلك توغيني محكم توتوب بو يولدا ئاستا يديل قينچيلقلارني باشدن كوچوروشكه توغرى كيلشني ياخشى بيلب، ملتلەر اتفاقيني مستحكملەب اولارنڭ بر-بريگه ئشينش وه مصلحتيني ئارتدوروب ملتلەر ئارا دوستلوقيني چيكتش نتيجەسيديلا هر ملت اوزينڭ ئازادلقيني تعمين اتەلەيدىغانلقيني كورسەتدى. ماليه انتظامينى قاتتق رعايە قلب اقتصاديمزني مستحكمەم—لەش كيرەك. اگر بر طرفدن عكس‌الحركتچ:

يول دەپ قاتتىق قارشى تورشىمىزنىڭ نەتىجەسىدە
200 دوللارلىق ايانىشنى چىقارغان پولنىڭ چەكلەنـ
گەن بىر مقدارىنى قبول قلشقا شو ئايدا چىقـ
ارغان 200 دوللارلىق پولدىن باشقا 200 دوللار
لىق پولنى يەنە چىقارماسلققا 500 دوللارلىق ئىچامتنى بتون
لەي چىقارماسلققا اولكەلىك حكومت مجلسىدە قارار قىلـ
ىنغان ايدى، حاضرقى كوندە حكومتنىڭ شو قارارىنى
بوزوپ ملياردلاپ 200 دوللار، ملياردلاپ 500 دولـ
لار ايسملىك كاغذلارنى الىپشقا باشلاپ يالغوز لانجوسىدە
(قوروق كاغذ پولگو) حساپىغا بتون اولـكە
اقتصادىنى قوروپ خلقنى كوپ — كوندـدوزى
قارىيتىپ تورۇپ بولاپ گادايلاشتوروشقا كرشدى.

بويىل بلەن 7 ولايتنى اقتصادى ويرانچىلىق
قا قاراپ ايلىپ دىيىش بلەنلا چەكلەنمەي 3 ولا
يت خلقىگە وعدە قىلغان خراجتنى بەرمەسلىكنى
اقتصادى بوغوش يولى بلەن، اشچى، خدمتچى
وە عملى قسمتلەر ئارىسىدا (اولارنىڭ اوز خياللرىچە)
قارارىلىق توغدوروپ بولگونچىلىك سېلىشقا شرائط
توغولارمىكن دەپ اويلىدى. اولكولوك حكومت
رەئىسى اوزگەرگەندىن كيىن 3 ولايتكە هيچ
قانداق خراجت پول بەرمەسلىككە توغرولوق رسـ
مى قارار قبول قىلدى.

حقيقتەن اقتصادى سىقىش باشقا 3 ولايتلە

رەھبەرى اورونلاردا اولتورغان اربابلار اول ەلنىڭ
اقتصادى احوالىنى ساغلاملاشتوروش اوچون
ھيچ قانداق چارە قوللانماى خرافيلىقتا چيرىشتەن
اولكە اقتصادىنىڭ يەنىمۇ چوڭراق يىمرلىشىگە
سەببچى بولدى. بىز اول ەلنىڭ اقتصادى ئەحوالى
نى ياخشىلاش ئوچۈن بودجەتنى ساغلاملاشتو
روش پول ايلەش ئىشلىرىنى ساغلاملاشتوروش
قەغەز حسابە ياساش سياسەتىگە امەل قىلىش،
تەمىنلەنىۋگەن پوللارنى چىقىرىشنى توختوتوش،
خلق تورموشىنى گادايلاشتوروپ كېتىپ بارغان
ئىنفلاتسيە كېسەلىدىن قوتولوش چارەلىرىنى قىلىش
مەسىلەلىرىنى قوزغىغان بو مەسىلەلەر اوستىدىن ھيچ
قانداق عەملى چارە كورولمىگەنلىگى توغرولوق
ئۈچىنچىلە نوبوشقا توغرى كېلىدو.

مەركىزى حكومەتنىڭ اولكە اقتصادىنى ياخشى
لاش، بو يۆنىلىشتىكى چارەلىرىنىڭ 1 نچى قىسمى اقتصاد
مەسىلەسىدە ھيچ قانداق چوشنچىسى يوق
بىر ئادەمنى اول ەلنىڭ اقتصادى ايشلىرىنى باشقوروش
قا تەيىنلەش بىلەن باشلاندى. پول ايلەش ايشلىرى
ى ساغلاملاشتوروش چارەلىرى تەمىنلەنگەن
200 000 دوللارلىق شەخسى ئافىسمىنى چىقىرىشقا
اوروندش بىلەن باشلاندى. ئىسكىلاردە بار ئال
ماندىكى بىل سەندا بىر ئابلارلىرى بىز ئۆز ئەنسىيە يو
لى خەلقلەرنىڭ، خلقنى بولاپ گادايلاشتوروۋغان

ئەرزانچىلىقراق بولوب، اوروم‌چى بازارينىڭ اوستى
شى ( بز اوروم‌چىدىن ئاقچا ئالماغاچقا ) غولجىغا
هېچ قانداق تائثير يەتكوزەلمەسە بولور ايدى.
امما تائثير يەتكوزوۋاتىدۇ. بو ئىشنىڭ سەببىنى
چوڭقورراق اويلوب، بونىڭغا قارشى چارە قىلى
ماسلىق بولمايدۇ ( قاتتىق ئالقىشلار ).

اەمدى اوز يەرىمىزنىڭ اقتصادى مەسىلەمىزگە كېلەيلى
لوق: انسانيت جەمئيتىنىڭ تاريخى، تېخى بىرەر دو
لەتنىڭ قەغەز حسابىغا اوزون مدت عمر كوچوروب
ياشىغىنىنى بىلمەيدۇ. ساغلام بودجىتى بولمىغان،
كرىمى چىقىمىنى قاپلاپ ئاز — ماز ئاشمىغان، يال
غوزلا قەغەز حسابىغا ياشىغان حكومت نهايتى
چاپسان واقت ئىچىدە اقتصادى حالاكتكە يولوقو
دو. شونىڭ اوچون اگر بز 3 ولايت دائرەسىدە
قولغا كەلگەن ئەركىنلىك حقوقلىرىمىزنى ساقلايمىز
دىسەك، الڭ اووەل 3 ولايت اقتصادى احوالىنى مس
تحكەملەشىمىز كرەك بولودو. اقتصادى احوالنى
مستحكەملەش دېگەن سوز، يوقورى اورونلار
نىڭ چىقىروب بەرگەن اقتصادى پلانىغا تولوق
عمل قىلىب، ماليە انتظامىنى تولوق ساقلاش دېگەن
سوز بولودو. ماليە انتظامىغا تولوق رعايە قىل
ماسدىن تورۇب، اقتصادنى هرگز مستحكەملەب
بولمايدۇ. جايلارنى تكشوروش نتيجەسى، جاي
لاردا اقتصادى اشلارگە سوست قاراشلىق ماليە—

هيچ قانداق تاءثير يەتكوزەلمەيدي دەپ ايتالمايـ
مز، لېكن دوشمەنلېك حركتينىڭ حيلەسيني توشەنـ
گەن 3 ولايت خلقى چاپسانلقدا صفر برلېككە
كيلب بر ئاز اقتصادى قربان بريشكە راضى بو
لوب احوالنى توزەپ ئالدى ( ئالقشلار )

بز 3 ولايت اقتصاديني بر ئاز يولغا قويـ
غان بولدوق . لېكن اوروەچيدە چقريلىواتـقان
پاخال پولنڭ 3 ولايتكە تاءثرى يەتمەيـدو دەپ
ايتالمايمز، اوننڭ تاءثرى تا شو كونگىچە دوام قلماقـ
تا. اوني اوروەچي بلەن غولجا بازار بهاسيـنىڭ
فرقينىڭ اوز گوروشيگە قاراپ بها بەرسەك چوشو
نەلەيمز . مثلا: ياز ئايلريدا غولجا بازارلرينىڭ
نرقى اوروەچيگە قاريغاندا اوْن 12 حصە، گوش 5
حصە، كومور 10 حصە ئەرزەن بولغان بولسا، حا
ضرقى كوندە او فرقنىڭ بر ئاز كەمەيگەنلىكيني
كورومز . موشو كونلە غولجيدا اوروەچيگە نسـ
بتان عون 8 حصە، گوش 3 حصە، كومور 5 حصەلا
ئەرزەنلىك فرق قليديغانلقى كوروتمەكدە . مـنا
بو سليشتورما اوروەچيديكى انفلاتسينە كيسيلنىڭ
زەهيرى تاثر يەتكوزيديغانلقيني اثباتلايدو. بزدە
بو يل حصول فوق العادە ياخشى بولدى . كوز
كەچ كەلدى . خلق ئاشلقني تولوق يغيشتوروپ
ئالالايدى. مال نهايتى ياخشى قشقا كردى . اونداق
بولغاندن كيين بازار بهاسى حاضرقى كونديمو

لەر اوز رقتلدين حركت قاب كەلگەنلرى يوق ئەمەس. مثلا: ايلى ولايت چلپەنزە حاكيمسى محمد حاجى ناكام ياخشى حركت قاغان ليكن شوندافنو يتەرلك ئەمەس.

املى بزعكس الحركتچيلرنك بوزغونچيلق اغوا حركتلرىگە بول قويمايمز، خلقمزنك تنچ حيات، خاطر جمع تورموشينى استايديل مستحكم ساقلايمز ديساك عكس الحركتچيلەرنك اقتصادى عناصرلرندين غلبەلك چقشيمز لازم بولودو. بونكدين غلبە لك چقشيمزغا شك يوق ليكن هيچ غلبە اوز - اوزيدين كەلمەيگەندك اقتصادى اوتوقمو اوزلگيدين كەلمەيدو. او نى تشكيل قلماق كيرك. كورەش نتيجەسيدە قولغا كەلتوردك لازم. اقتصاديمزنى مستحكمەلش اوچون ماليه انتظاميغا قطعى بوى سنوب و حكومت سرمايەسينى چاچماسدين بر تيين بولسيمو اوز واقتيدا يغيب اصرافچيلقغا يول قويماى امكانيت باريرده تجەش يولى بلەن بودجيتەمزنى ساغلاملاشتورشيمز لازم بوليدو. منا شو واقتدا اقتصاديمزنى مستحكەملەشكە بولودو.

انتظادیغا تولوق رعایه قلماسلق اشلرینك بارلغینی
کورسەتتی . بز حاضرقی کوندە اولسە ك لوك
حکومتدین هیچ قانداق نەرسە ئالالمیدوق . 11 —
12 ملك عسکرصفدیکی اوز یمزنلك بالالریمزغا
تاماق — کییم بریشیمز کیرەك . 3 ولایت خلقی
چیلرینك ئایلق معاشینی بیریشیمز کیرەك . ملی
ئاقارتیش ئشلریگە بارلق اقتصادیمزنی ئوچدین
بر بنی صرف قلاقدیمز . بونك سرتیدا باسمچلار
دین ویرانچیلققا ئوچریغان ئالتای ولایت خلقیغه
یاردەم بریشیمز کیرەك . بولارنك هممەسی اقتصاد
کیردك . حاضرقی کوندە 1944- یلغا نسبتاً یریم ح
صەسیلق ئالماقدیمز . حاکملریمزنك سالقن قاریغانلی
قی نتیجەسیدە 1947 - یلنك سلیقی شو یلنك
دیکابر ئاییغا قدر توپلانمیغان : بو نیمە اح
وال ایکەن یاکی خلقیمزبەرەیلدیمز دەمدو تەک
شوروب کورەیلوق ، دمب جایلارغا ئادم چقار
غان ایدوق . خلق ئاریسیدا توشەندوروش اشی
اوتکەندین کیین شونچە وقتدن بیری توپلانما
مای کەلگەن سیلق خلقنك اوسنون روح بلەن
تهایتی قزغنلق بلەن سلقنی تاپشوروش نتجەسید
ە 5 — 6 کوندە سیلق ئاسانلق توپلونوب
بولدی . منا بو اش حاکملریمز اوز وقتیدا
اقتصاد مسئلەسیگە هیچ قانداق دقت قلمیغانلق
لرینی اثباتلایدو . بو اشقا هممە حاکملر اوخشاشلا
سوستلوق قلدی دەب ایتالمایمز . ئاییریم ناحیه

مە بولمىشون اورنىدىن قوزغالماسلق كېرەك »
دىگەن امىرنى بوزوب، انتضامسزلق قاغانلقلارى
نتيجەسىدە مغلوبيتكە اوچرىدى. رسول الله مز
مجروح بولدى. مبارك چىلرىنى سوندوردى .
70 كشى شهيد بولدى. دوندىن تاشقرى نواي
تي نورغون كشى مجروحلاندى. شهيدلار اچه
دە رسول اللەمزنڭ عمر — مشهور بهادير حم
زەبن عبدالمطلب، عبدالله بن حجش؛ معصب
بن عمر، حصه بن ابى و باشقەلار بار ايدى —
دەيدو.

منا بو تاريخى سابق انتظامنڭ قانچيلك مهم
اهميتكە ايگە ايكەنلىكىنى كورسوتودو.

انتظام اختيارى و مجبورى بولودو. اگـر
خزمتچى اوز اشىگە جدى قاراب انساب بلەن
صدقلق بلەن اوستىگە يوكلەنگەن وظيفەنى
ئاكلق يوسوندا بجرسه، او، ئاللىغا قاراب ماڭ
غان نشانيسىگە چاپسان يتيدو. بو اختيارى ان
تظام برلودو. شونڭ بلەن بللە جمعيت و حكو
مت اشلارينى اوز واقتيدا و صفتلك بجرليشى
اوچون قاتتق محنت انتضامىنى ساقلاش، خلقي
مز طرفيدن بزنڭ اوستومزگە يوكلىگەن مقدس
وظيفەلرنى ئاتقوروش الڭ مهم شرطلارنڭ بر
سى بوليدو. محنت انتظامى يوق جايدا بجريل

## مەھنەت انتظامینی مستحکەملەب، اش اونومینی ئاشوروش کیرەك

اگر بز بوگون ئاساسی وظیفە دەب 3ویلایت
اقتصادینی مستحکەملەش وظیفەسینی قوییدی
غان بولساق، بو وظیفەنی بیجریش او چون
بەلگولوك قایدەگە تولوق اطاعت قلیب، بـــەل
گولەنگەن ترتیبنی قاتتق ساقلیمای بولمایدو.
منا شو بەلگولەنگەن قاعیدە، بەلگولەنگەن تر
تیپ دەب — انتظامنا ئیتیریب انتظام بولمای
توروب، هیچ قانداق مقصدکە یەتکیلی بولماید
دو. انتظام بولمیغان جایدا هیچ قانداق ئیشتا
اوتوق بولودودەب ایتقیلی بولمایدو. انتـــظام
بولمیغان عسکر هر دائیم مغلوبیتکە اوچـــراید
دی. قازانغان غلبە انتظام بوزولغان واقتدا مغ
لوبیەتکە ئایلینیب قالیدو. قازانغان غلبە انتظام
بوزولغاندن کیین مغلوبیتکە ئایلینیب کەتکەنلك
لری توغرولوق تورغونلیغان تاریخی مثاللارنی
کەلتوروش ممکین. مەن بزنك دینی تاریخیمز
دین بر مثال کەلتوروب اوتەی. خبریگزلاردا
بار: احمد محاربەسیدە اسلام عسکرلری غلبە
قازانغان ایدی. لیکن رسول اللەمزنك عبدالله
بـــن جعفرنی امیر قلیب قـــویغان 500 مقداری
اوستا مرگەن عسکرلری « غلبە قایسی طرف

اوچون كېڭكى ملتنى سويسە، خلقچىلقنى ار كينلكيمزنى مستحكەم ساقلايمەن ديسە، محنت انتظامنى مستحكەملەب، محنت اونومينى ئارتتوروشقانى تريشيش شرط بولودو.

دولت ئاپپاراتلرينى، مستحكەملەب سياسى
سەزگورليگيمزنى كوچايتش كېرەك!

ينە بر مهم وظيفە اكر بز قاليمزغەئالغان خلقچىلق ئەركينلك حقوقلريمزنى مستحكەم ساقلاب قاليمز ديسەك، خلقيمزنىڭ كوچينى برلەشتوروديغان، تيليگىنى مركزلەشتوروديغان، خلقيمزنىڭ خلقچىلق حاكميت اورونلرى بولغان ادارەئاپپاراتلرينى مستحكەملشيمز لازم. شو نەرسينى ياخشى چوشونوش كېرەككى: خلقچىلق سياست ديمەك: خلقنىڭ ئەركينلك حقوقلرينى استبداد تجاوزچىلقيدين ساقلايديغان مركزلەشكەن اورنى يوق، حاكميتسزليك كشيلك جمعيتى - ديگەن سوز بولمايدو. عكسنچە خلقنىڭ قوليغا اكەلتورگەن حقوقلرينى مستحكەم ساقليالايديغان هر قانداق تصادفى حادثەدين ساقلينشقا قادير بولغان مركزلەشكەن حاكميت اورنى بولودو ديگەن چوشەنچيدور. ئەگەر دە خلقچىلق ئەركينليكلرينى جمعيت خاطرجملي

ندی – ددب حسابلیغان اشلرنڭ نتیجەسی، توبەن بولودو.

محنت انتظامی پوختا بولسا، اشیمزنڭ ئاسا سی پوختا و چداملق بولودو.

محنت اونومی محنت انتظامیغا باغلق بولو دو. خزمتکە بەلگیلەنگەن ساعتدە کیلیب، سا عت پونکتیدە قایتیش بلەن محنت اونومینی اوس توروب بولمایدو.

خزمت واقتیدا اوز اشی اوستیدە بولوش محنت انتظامینڭ مهم شرطلریدنڭ برسی بولودو لیکن محنت انتظامینی مستحکملەشنیڭ ئاسا سی مقصد محنت اونومینی ئـارتدوروشدن عبارت بولودو.

ئایریم جایلاردا محنت انتظامیغا رعایە قلـ ماسلق، خاهلیسا اشقا چقیب، خاهلیمسا اشقا چقماسلق، خزمت واقتلریدا توی — تماشالارغا کیتیب قیلشلق، خزمت واقتیدا اوغلاق تارتشلق اش، واقتیدا خزمتچیلـر بر — برسینی ضیا فتکە چاقرش اوخشاش بزنڭ اشیمزغا بتوزـ لمەی توسقونلوق قلیدیغان احواللار بولدی. اگر بز خلقیمزگە خزمت قلیدیغان بولساق، اگـر خلق اوچون خزمت قلیمەن دەیدیغان بولساق، بو کەمچیلکلریمزنی توزوتوشیمز لازم. شونوڭ

بویروقینی اداره خدمەتچیسی اوز واقتیدا تو--
لوق اوروندایدو دیگەن سوز بولودو. لیکن ئیدا
رە باشلقلریدو، مینك امرم كوچلوك ئیكەن دەب
حاكم مطلق قلیشقا اورونوشی هرگیز یاریمای--
دو. اونو ئیما اورونغان اداره باشلیغی خلقچیلق سیا
ستنیڭ حمایەچیسی بولالمایدو. البتە هر كمی
سە خلقچلق سیاستنی حمایە قیلمەن خلق اوچون خدمت
قلیمەن دیگەن نیەتدە بولسا او، اوستیگە یوك
لەنگەن وظیفەنی منصب دەب بلمەی خلق خدمتی
دەب بیلیب خلققە خلق اوچون صداقتلك بلەن
خدمت قلش شرط، بونیڭ اوچون ئەڭ اوال
خلقنی حرمت قلش شرط. هر دائم خلق عامە
سی بلەن یقن بولوب اونڭغا تاینیب اونڭدین
ایش اوگونوب توروش شرط. مغرورلوقتەكەبب
بورلوق، كزابلق، حلیگەرلیك، اوز بلمچانلق، ها
كاورلوق، قوپاللق، مەككارلیق، ئەنفسزلیكلەرگە
اوحشاش یاریماس صفتلەردین اوزاق بولوش
شرط، خلق عامەسیدین اوزولوب- ئایریلیب
كەتمەسلیگی شرط. ئەنە شو واقتدیلا او، خدمت
چی خلق حمایەسیگە ایگە بولالایدو. اونیڭ
قدیری قیمیتی ئارتوق بولودو
بزنیڭ ساقچیمز خلق ساقچیسی، بزنیڭ مامورینیدا
ریمز خلق دامورتی، بزنیڭ عدلیەمز خلق عدلیە

ـلىگىنى بوزوشقا قىلەر قورالليق باسقونچىلىق قىلش
قا قىلەر باشقا - براونى اولتوروب كتىشكە قدر
چەكلەنمىگەن ئەركىنلىك دەپ چوشونولگەن بول
سا، بتون ئىگزى بلەن خطا بولودو، او، خلقچى
لق بولمايدو. ئانار خىمچىلك (باشباشتاقلق) بو
لودو . بوندااق ئانار خىە حكوم سورگەن جاي
دا هيچ قاچان مركزلەشكەن اوزىنى محافظت
قىلالايديغان كوچ حاصل بولمايدو. ئاندااق تو
زوم كىچىك سوقفاغا چىداش برەلمەى مغلوبى
يەتكە اوچرايدو .

شوننڭ اوچون خلقنڭ حقوقىنى حمايە قىلي--
مەن، خلقچىلىق -- ئەركىنلك حقوقلرىنى ساقلاي-
مەن ، خلق اوچون دين اوچون، ملت اوچون خد
مت قلىمەن دىگەن كىشى هممەدين اوال شو
خلقنڭ حقوقلرىنى ساقلاب قالالايديغان مركز
لەشكەن خلق حاكميت اورونلرىنى مستحكەملەش
اوچون تىريشش شرط .

خلقنڭ حاكميت اورونلرىنى مستحكەملەش
دىگەن سوز يوقارقى اداره اورونلرىنڭ ئەمر
فرمانلرىنى تزلىكلە توختاوسز اوروندااشدين
عبارەت دىگەن سوز بولودو. يوقارقى اورونديكى خدمت
چىگە توبەن اورونديكى خدمتچى سوزسز بوى
سونودو دىگەن سوز بوليدو . اداره باشليقىننڭ

قچمزنى يوقاتقانلقمزدن فايدلنب، عثمان و
قالىبيك واقعەلرىنى توغدوراليدى. عثمان قالى
بەك واقعەسى دېگەن سوز عكس الحركتچىلەر
نىڭ ئالتاى. تارباغاتاى ويلايتلرىنى، ئىلى ويلا
يتيدين ئاجرتىب ئېليب، ملى ئازادلق حركتنى
بتونلەى يوقوتوشقا قلنغان پلانلق قصدنى دېگەن
سوز. عثمان قالى بەك دېگەن سوز، خلقىمزنىڭ
بوينىدا سوزولغان عكس الحركتچىنىڭ قولى
دېگەن سوز. بز منا بوسابالارنى حسابقا ئېليب، هر
دائم هوشيار ليغمزنى ئاشوروب، سياسى سەز
گورلىكمزنى مستحكم ليمكمز لازم (ئالقشلار)

ئەنە شو واقتدا بز خلقيمز طرفيدن بزنىڭ
اوستوميزگە يوكلەنگەن وظيفەنى توغرى ئادا
قلغان بولومز. خلق ئاممەسىنىڭ منفعتىنى تولوق
حمايە قلش مقصدىدە دولت ئاپپاراتىنى مستحكم
لەب، سياسى سەزگورلىكيمزنى كوچەيتيشيمز لا
زم. بز تنچ خلقمز. بز ئزيلگەن، خورلانغان، ره
نجيگەن، هقارەتلەنگەن مستملكە خلقمز. بز
انسانيەتچيليك حقوقلرىدين مطلق محروم بولغان
خلقمز. بز تنچلقنى هەممەدىن كوبرەك خاهلايمز.
وە يارانقوچىدين تنچلقنى بوزولماسلقىنى تە
لەيمز. تنچلقنى ساقلاب قلش اوچون بارلق كو
چىمز بىلەن كورەش قلىمز. ليكن خلقمز كورەش
ميدانيدا قوليغا ئالغان خلنچىلقنى، ئەركيملىك، هقوق

ئورنى. بولار ھەممىسى خلق حاكمىيت ئورگانلرى.
شونىڭ ئۈچۈن بو گۈنكى كۈنلەردە بو ئورگانلار
نىڭ ھەممىسى خلق عاممەسىنىڭ ھمايەسىگە ھۆرمىتىگە
ئىگە. بونى شو ئورگانلاردا تۇرۇۋاتقان خزمەت
چىلەرىمىز ياخشى چۈشۈنۈشلرى لازم.
خزمەت چىلەرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشۈنۈپ
ئىلىشى لازم بولغان قائدە — خلق خزمەتچىسى
ئۈچۈن ئەمەس، خلق خزمەتچى خلق ئۈچۈن، شۇ
نىڭ بىلەن بىرگە خلق ئۈچۈن خزمەت قىلىۋاتقان خا
دىملارنىڭمۇ تېگىشلىك موستەھكەم ئابرويى بولۇشى
شرط. ئۇنى اعتبارگە ئالماسلىق، قدرىنى بىلمەسلىك
ئەركىنلىكنىڭ قابىلىنى كېيىپ ايلىپ ئۇنۇتماقچى
ھۆرمەتلىك قىلىش خلقچىلىق سياستىمىزنىڭ ئاساسى
ئىگىزىگە پاتنا چىقىشدىن عبارەت بولودو. ھرقا
نداق شخصى ئۆز حركتىدە مستقل. بز ئۇنى
ھېچ نرسە بىلەن چەكلىمەيمز، ئۇنىڭ ئائىلەوى
احواليغا اقتصادى تورموشىغا مطلق ئارىلا
شمايمز. ليكىن بز اشقا شخصىنڭ ئەركنلكىگە
تجاوزلوق قلشىغا ھرگز يول قويمايمز. بزنىڭ
سادەلىكىمزدىن كەڭ يول قويوشمزدىكى ئىشە
نچىمزدىن فايدلانىپ عكس الحركتچى كوچ،
كەڭ دائىرەدە بوزغونچىلوق ئىشلەرنى تشكيل
قلشقا امكانىيت تاپلدى. بزنىڭ سىياسى ھوشيار

خلقیمزنىڭ بولانغان ماللارینىڭ درەكسیز یوقولوب كتی
شیگە یول قویمایمیز ( ئالقىشلار ) .

بزنیڭ استقبالیمز پارلاق ! بزنیڭ یولیمز
حق . بزگە هر دائم الله یار . شونىڭ اوچون بز
گە دیوەلیگوچیلەردىن بز قورقمایمز ( ئالقىشلار ) .

بز ئەركینلىك نقابینى کیيب ئالیب خلقیمزنىڭ ئەركین
لكیگە تجاوز قیلماقچی بولغان عنصرلارگە هرگز یول قویمایمز .

ئەركینلىك حقوقلاریمزنى ساقلاب قالش اوچون
بر تامچی قینیمز قالغونچە كورەشیمز ! البتە بو
كورەشدە بز غالیب بولومز . انشاء الله رب العالمین
( گولدراس ئالقىشلار . )

یاشاسون بزنىڭ خلقیمز !

یاشاسون خلقیمزنىڭ برلك اتفاقی !

یاشاسون هر بر ملتنىڭ حقیقی برابرلك ئاسا
سیدیكی مستحكم دوستلیقی !

یاشاسون بوتون اولكەمز بویيچە یورگوزولگو
سی حقیقی خلقچیلیق سیاست !

گوم بولسون استبداد !

( هربر شعار گولدولیگەن ئالقىشلار بلەن قو
وەتلینیب زالنی یاڭریتیب ئەتتی همە اورونلاریدىن
توروب سویونملوك رەهبرینی تبریكلەیدی )

1948 نجی یلی 2 نجی فیورال
(27 - سانلق « انقلابی شرقی توركستان » گزیتیدىن)

لرينىڭ تنجلق نقابى ئاستيدا دەفسىنلە قيلنشيغا بز هرگز راضى بولالمايمز

شونوڭ ئوچون بز كوچ ياكى هيلە بيلەن حكومتنى يالغوز ئوز قوليغا كرگوزوب ايليب استبداد حكمرانلغينى يورگوزوشكە هيچ كمگە يول قويمايميز. تورغوزلپغان عسكرلەر بيلەن اشغال قلينغان جايلاردكى خلقيمزنيڭ دائيماء محاصرە احواليدە قيلنشيغا راضى بولالمايميز

تنج ياتقان بى گوناه خلقيمزنيڭ مال ملكينى تالاب ياسقونچولوق قلغان جنايتچيلرنيڭ مسئوليتسز، بوزغونچولوق، بولاڭچيلق ئشلرى بيلەن شغوللونوب، خلق ئالديدا جوابكارسيز كيتيشيگە هرگز يول قويمايميز.

استبدادچيلارنيڭ قاراڭغو زيندانلريدا خلقيمزنيڭ قمتليك فرزەندلرينيڭ قيينليب انتظار بولوب، عذاب چيكيب يتشلريگە بز هرگز راضى بولالمايميز. وە او قانخور ظالملرگە غضب دولقونى بيلەن نفرت هم لعنت لر بيان قليمز. (ئالقشلار.)

هيچ قانداق ئاساسسيز وە سببسيز تنج يورگەن خلقيمزنيڭ ئلغار زيرەك فرزەندلرينى بى گوناه ئاتيشان وە قيينغان قانخور ظالملارنيڭ جوابكارسيز كيتيشيگە هرگز راضى بولمايمز.

هالبوكى: « چىنى تورکستان » « خوش خب
رى » اولكە خلقىمزگە يەنە قارشومچە قايغو حس
رەت كەلتوردى. اولكە خلقىنىڭ بخت سعادەتلىك
« توق » تورموشىنى « مال باشقان » نىڭ
1948 - يىلى 17 - ئيون كونىدىن باشلاپ يور
گوزگەن گوش بيمەسلك چارەسى ئارقىلىق كورگىلى
بولىدو. اولكەمزدە جانلىق مالنىڭ توگەپ - توقاپ
كتيپ بارغانلقىنى خلقىمزنىڭ ساغلام بەدەنىگە يەپ
شيپ ئالغان، اونىڭ تومور لرىسىكى تولوق قانى
شوراپ يانقان ايكى ئاياغلق سالجيلردن كورمەس
تىن، بريم ئاچ - بريم توق خلقىمزگە « جانلىق
مالنى يەپ يوقوتوپ كيتيپ بارىسىز » دەپ توھمت
قىلىپ اونى فاشست پاليتسيەسىنىڭ ئيقلرىنىڭ خل
قيمزگە يەنە قوشومچە عذاب بريشلرى اوچون
سبب تيپ بريش بلەن توتوپ بريشى بزنىڭ غضە
بيمزنى قوزغايدو. اوتكەن يل فەق شو واقتلار
دا پەيدا بولغان شونىڭغا اوخشاش « خوش خبر »
شرقى تورکستانى خلقىگە قايغو حسرت و غەم -
زارلق كلتورگەن ئيدى. مستبد خطاى - ريئاكسيە
ئون ئامرىكا - ستيلما اويغور - مسعودنىڭ رەئس
بولوشينى اولكە خلقىگە اونىڭ استقلاليەتينى -
اوز قولىغا توتوق تاپشورغاندەك قيلىپ كورسو

## يەنە بر قتيم
# شرقى توركستان توغرولوق

بوندن ئيكى ئاى ئەووەل اوروم‌چيدە چقان مستعمليكەچيلرنك دوتاريغا اوصول اوينايدىغان همه گزيتلر ئاغيزلريدان كوپوكلرينى چاچريب خلقىمز غا بر » خوش خبر « يەتكوزوشكە ئالديريدى.

همه گزيتلرنك صحيفەلرى » چينى توركستانى « » اولكەمز چينى توركستان « بولدى » چينى توركستاننى تبريكلەيمز « ... گە اوخشاش فو-ق العادە طنطنەلك چيرايلق وە يوقورى ئاوازلق سوزلر تولدورولغان ئيدى. بزنك اولكەمزنك سر تيدا توروب بزنك ئچكى احواليمزدن خبرى بول ميغان ئادەم بولسا، بو گزيتلرنى اوقوغاندن كين » شنجانك خلقيگە مركزى حكومت چونك مەردليك قيليپتو ، شنجانك خلقى قولدن قوتولوپتو ، خطاى جمهوريتى مستعمليكەچيلك سياستيدن كچيپتو ، ديگەن چوشەنچيدە بولوب، ئزيلگەن ئەللرنك خلقلرى بز اوچون شاه ئەيلەر ون مستعمليكەچى جهانگرلر داد ئەيلەر ئيدى .

قىلىپ قالغان، 7 ولايەتدە روۋاجلىنىپ (خلقچىلاق
سىياسەت غلبە قازىنىپ ا. ا.) او يەرلەرنى فو
ق العادە لاشتورۇپ (مستبد خەنسۇ عمالدارلىرىنى
مايداپ! ا. ا.) يەنە فوق العادە واسطەلار بىلەن
بوتۇن شىنجاڭ حاكىمىيتىنى قولىغا (خلق قولىغا! ا. ا.)
ئالماقچى بولغان قصدىنى (خلقنىڭ يەنە قول بو
لوشنى خالىمايدىغانلىقىنى! ا. ا.) سەزدىم، بو
يىل ماي‌دا مەن جنوبى شىنجاڭنى تكشۇروشكە بار
غىنىمدا بو واقعەنىڭ قانتىق حالغا توشكىنىنى (خلق
نىڭ اويغانغانلىقى! ا. ا.) مەنگا اوچوق سەزىلدى.
شونىڭ اوچون مەن مركزى حكومتكە بو قىيىندە
سىنىڭ (خلقچىلىق سىياسەتنىڭ ا. ا.) روۋاجلىنىشىنى
توساشقا (مستملىكەچىلىك سىياسەتنى ساقلاپ قىلىش
قا ا. ا.) چارە قوللونوش اوچون فكر بېرىشكە
مجبور بولدوم، ھەمدە اوزوم (شىنجاڭ خلقىنىڭ
ملى ئازادلىق حركت برلىكى صفىگە بولگونچىلىك
سېلىش اوچون ا. ا.) شىنجاڭ اولكەلك حكومت
رەئىسلىك اورنومنى بوشوتوپ، مسعود افندىنى
(خطاى مستملىكەچىلەرىنىڭ صادىق قورچاقىنى
ا. ا.) شىنجاڭ اولكولوك حكومت رەئىسى قىلىش
قا فكر بردم" - دېدى.

منا بونىڭ اوزىدىن مسعودنىڭ نىمە اوچون وە
قانداق سبب بىلەن رەئىس بولوپ قالغانلىقىنى

توشكه اوقونغان ئيدى بو «خورلق خبر» اول
كه خلقينىڭ قانونلق قينىغا وه كوز ياشيغا توختو
غانلقينى ئالتاى تارباغاتاى، كاشغر، خوتەن خلقى
اوز كوزى بلەن كوروب اوتدى. مسعودنى نيمه
اوچون رئيسلككه بەلگولىگەنلىكىنى گينرال جاڭ
جى جوڭ افندى ترتيب بردى. گومينداڭ فرقه
سينىڭ 4 ـ نوبتلك بوتون مركزى اعضالر مجلسيدە و فرقه
بلەن اومەكنىڭ باش قوشقان مجلسينىڭ 3 ـ كونيدە
( 1947 ـ يل 11 ـ سنتەبردە ) گينرال جاڭ جى
جوڭ شنجاڭ مسئلەسى حقيدە سوزلەپ چقيپ...
« بو يل 28 ـ مايدا » مسعود افندى اولكه رئي
سى بولغانغا قدەر شنجاڭنىڭ احوالى يەنە هرباى
حركت وه تنجلق صحبتلەرنى ( سياسى كورەشنى ) ده
مەس، هر ايكى طرف بيرگه عمل قيلمقتا باشلي
غانلقنىڭ نتيجەسيدە خلق اويغونوب اوز حقوقينى
تونوب، ئەركينلىك حقوقلريغا باغلەن حركت قيلشقا
باشلاغان ئيدى ( ا. ا ) (1) سياسى كورەش
باسقوچيغا اوتدى. مەن اوزەمنىڭ هيكايالردا تور
غان بر يللق واقتيدا غولجا طرفيگيلەر (ايلغار
فكرلك ترقى پرور خلقچيل عنصرلر ا. ا.)
غولجا قارالق اوچ ولايتنى ( خطاى مستبدلريدن
تاشقارى عمومى اولكه خلقينى! ا. ا. ) ئاساس

„ شەنجاڭ “ دېگەن نام „ يېڭى دائىرە ، „ يېڭى زېمىن “ دېگەن مەنانى بېرەدى . دېمەك ، كورسو تولگەن قارشىلىقلارنى ستايوشقاندىن كېيىن تولۇق اطاعت ئەتكۈزۈلگەن يېڭى بىر بولەك يەر خطاي دولت توپراقىغا قوشۇلغانلىقىنى ئفادە قىلىدۇ .

بەر بۇزۇلغ، وطن بۇزۇلغ، بونىڭدا هېچ قانداق شەك يوق. ئەمەلى مسئلە موشو يەردە ياشاۋاتقان خلقلارنىڭ چولىك — ئەركىنلىكىنى ئالىمىن ئېتىش اوستىدە كېتىب بارىدو، بۇزۇلغ بېرىەزنىڭ نامىنى هر قانداق قېلىب اوزگەرتكەن بلەن ائگو خلقىمزگە سىياسى ئەركىنلىك حقوقلىرى بېرىلمەيدىغان بولسا، ھەلىيتەيكى مىللى ئېزىلىش يوقۇتولمايدىغان بولسا ، اونىڭ هېچ قانداق اهمىتى بولمايدو . شەكىل مەزمونى هېچ واقتدا بەلگىلىيالمايدو . مثلاً فرانسيه جمهوريتىنىڭ خلقچىل جمهوريت دېب ئاتىلىشى فرانسيەدە ايكى يوز عائىلەنىڭ تولوق حاكم مطلق — حكمرانلىق حقوقىغا دخل يەتكۈزالمايدو . ياكى نهايت ترقى تاپقان خلقچىل جمهوريت دېب ئاتالمىش ئا . ق . ش . دولتىدە همە اوخشاش برابر توغۇلغان تورودش ئەركىنلىك و بختلىك ائتولش حقولرى هر كىمدە بولوش كرەك — دېگەن سوزلر 60 عائىلەنىڭ حاكم مطلق لق حكمرانلىقىنى

بيلگيلى بولودى. „ چيني توركستان “ „ خوش خەبرى “ نامى خلقيمز اوچون قانچەلك ئيمىنى بولوەيغانلقيني مەنا شونگنىن ئايريب ئالغىلى بوليەو.

„ چيني توركستان “ ديگەنلك بلەن خلقيمزگە يەنام جەتالق منفعت برگەنلك بولارمو ؟!

ئەمدى „ توركستان “ „ چيني توركستاني “ „ شەلك جالك “ وە „ شرقي توركستاني “ مسئلەسيگە كيلەيلوق :

شرقي توركستان توغريغي ئەزەلدن ايغور قبيلەلري اولتورب كلگەن جايلاردور . ايغور خلقينك شرقي توركستاندا ياشىغانلقيغا 3 - 4 مڭ ييللق تاريخى دليللار ئيپيليدو. اونگدن اووەلقى زامانلار ھەقيدە تاريخچيلار ھوگقور اوگەنگەنلمى كيمى جواب تاپار. شرقي توركستان، ياكى ئالتى شهر، جوغرافيە ياكى 7 شهر - ايلى، چوچەك، ئالتاي، ياكى جنوب و شمال، ياكى شەلك جالك دەب ئەزەلدن بوشو يوديگى يەرلك خلقلارنىڭ، يەنى بزنىڭ وطنيمزگە ئيتيليدو. ئاخرقى „ شەلك جالك “ ديگەن نام، بزنىڭ اولكەمز خطاى مستمليكەچيلري طرفيدن استيلا ئيليب، تولوق مستمليكە ھاليغا توشوب، خطاى ايمپراتورلقينىڭ سلطنەتى تولوق اورنوتولغاندن كين قويولغان نامدور.

حاكم ئەنگلىيە و محكوم سەيلونگىمۇ اوزگوروش
كرگوزولدى. لېكىن بولارنىڭ عملىيتىكى ماھىيە-
تە اوزگوروش بولامدۇ ؟ ! سەيلون مستەملىكەلك
و اسيرلك احوالدىن قوتولالامدۇ ؟! ئەنگلىيە سەي-
لوننىڭ استقلالىيتىنى اعلان قىلىپ مستقللكىنى تو-
نودى اونوتالوق بلەن سەيلوننىڭ محكوم احوا-
لىغا اوزگوروش كرتيلدىمۇ ، ياكى مستەملىكەلىك
احوالى ئوقالدىمۇ؟ ياكى اوزىنى عادىل خلقچىل
دولت، مستەملىكەچى ئەمەس دەپ شكىل جەھەتتىن
اوزگوروش كرگوزوشكە اورونغان لېبوريست حكو-
متى ئەنگلىيە بلەن مستەملىكەلرى اوتتورسىدىكى
مناسىۋەتنى اوزگورتەلىدىمۇ؟ مستەملىكەچى »ئەمەس«
بريتان ( ئەنگلىز ) عسكرلرى منا ايكى ئايغا
يقين بولدى مالايا خلقىگە قارشى مستەملىكە اوروشى-
نى دوام قىلدورماقتا. ئەنگلىزلرنىڭ مستەملىكەسى
مالايانى ساقلاپ قالماق ئوچون » خلقچىل « ئەن-
گلىز عسكرلرى مالايا خلقىنىڭ قېنىنى - دەريالاپ
توكمەكتە .

ياكى تالايلوق ئا ق ش نىڭ فيليپين جمهو-
رىيتىگە بولغان مسئلەسىنى ، فيليپين ئا ق ش نىڭ
مستەملىكەسى . ئا ق ش فيليپيننىڭ استقلالىيتىنى
اعلان قىلدى فيليپيننىڭ مستقللكىنى تونىدى .

یورگوزولوشیگە هیچ قانداق تاﺋثیر یەتکوزالمایدو.
یاکی؛ مثلا: ئەنگلیەنیڭ مستملیکەلریگە شکل جهة
دن ئەنگلیە طرفیدن استقلالیت اعلان قیلینیشی،
اولارنیڭ مستملیکەلك حالتیگە هیچ قانداق اوزگە
روش کورنەلمایدو.
بز حاضر ئەنگلیزلرنیڭ مستملیکەلری بولغان
کوپ میلیون ئاهالیلق هندستان اوستیدە واکی او
نیڭ ئافریکادیکی مستملیکەلری اوستیدە سوز ئاچ
مایلا کچیك بر سەیلون ئارالینیڭ احوالینی اعتبار
غا ئالساق مسئلە انیقلینیدو.
سەیلون ئا 6 میلیون خلق یاشایدو. 1948
ییلی 12 - فیورال کونی سەیلوننیڭ مستقللیکی
اعلان قیلیندی. بونیڭ ماهیتینی چوشونوش او
چون ئەنگلیز نورالق کوچلرنیڭ سەیلون ئارالینی
"مدافعە" قیلش وظیفەسینی اوز اوستیگە ئال
غانلقینی و ئەنگلیز مستملیکەچیلرنیڭ بو جایدیکی
سیاسی وە اقتصادی پازیتسیەسینی ساقلاب قالغان
لقینی ئەسلەپ اوتسەك کفایە قیلار ئیدی. اونیڭ
اوستیگە سەیلوننیڭ ماﺋموریتینیڭ بشیغا ئەنگلیز گینە
رال - گوبیرناتوری گیفرسون موریخین اولتور
دی. هیچ اورونلارنیڭ هەمسیگە شونگغا اوخشاش
لا ئادملر اولتوردی. شونیڭ بلەن شکل جهەدن

قازادىق برلك صفيتدە برلكونچيليك سالماق اوچون
هيندونيزيە جمهوريتينڭ نظارەتيدن سيرتقى باشقا
جايلاردا گوللانديەلكلار تولوقى بلەن اوزلرينڭ
حكمرانليقى ساقلانغان «هيندونيزيە» «مستقيل
دولتلارى» نى توزوشكە باشلايدى. اگر گوللانديە
مستملكەچيلرينڭ سوئى قصدى عملگە ايشيب اولارنڭ
«ئوزقوللارى بلەن قورغان» «مستقيل هيندونيزيە
دولتى» غالبيت قازينب «مستقيل» «هيندونيزيە
جمهوريتى» اعلان قيلنغان تقديردە هيندونيزيە
مستملكە احواليدا اوزگوروش بولامدو. البتە يوق.
اونداق احوال بولماس، اگر شونداق بولغان تقـ
ديردە البتە هيچ قانداق اوزگوروش كرمەيدو.
هيندونيزيە محكوم، گوللانديە حاكم بولوب قاليدو
ليكين محكوم بلەن حاكملارغا قارشى قوزغالماقدا. دنـ
يانڭ، قايسى بورجيكيگە قاراماڭ، مستملكە اللرنڭ
مستملكەچيلرگە قارشى قوزغالغانليقينى كورو
سز، هيندستان، فيليپين، ويتنام، حتى ئالتون قير
غاق، كينيى، مالايا وە باشقيلار تشكيل جهتدن
امەس، مضمون جهتدن حقيقى ئەركينليك لەر
طلب قيلماقدا. جهانگرلر مستملكە ئەللرى اولقيـ
دەك ياشاشنى خالمايدغانليقينى وە اولار اوزلريمو

لېكين سونو ئارق بلەن قيلينغان نىڭ مستملىكە
اھواليدا اوزگەرىش كورۇلەمدو؟! البتە يوق
الابارق، هندونيزيه بلەن هوللانديه مناسبتي
نى: ياوروپاديكى كچيك قالاق هوللانديه دولتى
نەورغون ميليونلوق مسلمان ئاهاليلىق
هيندونيزيەنىڭ خوجايىنى حسابلىنىدو.
هيندونيزيه خلقى اوزينىڭ مستقلليگى اوچون مس
تملىكەچيلەرگە قارشى ملى ئازادليق حركتيگە بەل
باغليدى . استقلال هيندونيزيه جمهوريتيني اع
لان قيلدى. هيندونيزيه خلقينىڭ سوقشيدا چە
ماش بەرەلميگەن هوللانديه مستملىكەچيلەرى هيند
ونيزيەنىڭ مستقلليگيني تونوشقا تيار ايكەنلي
گيني بيان قيلدى. اوتتوردا تنچليق شرط نادە
لەر تۈزۈش مزاكيرەسى يورگوزوشكە باشليدى.
هيندونيزيه جمهوريتينىڭ مستقلليگيني تونوغان هول
لانديه مستملىكەچيلەرى اگردە مستملىكە خلقيگە
حقيقتدە ئازادليق بريشنى خاهليسا، مستملىكەنىڭ قو
ليدن چقيب كتيشيگە راضى بوليدىغان بولسا،
صميميتچيلىك بلەن اونوڭغا عمل قلغان بولورئيدى. مس
تملىكەچيلەر اونوڭغا راضى بولميدى. رەبولماي
مو: شونوڭ اوچون برطرەپدن مذاكيرە يورگو
زوب 2 نچى طرەپدن هيندونيزيه خلقينىڭ ملى

# كوچ برلكده

## 1 — اورومچی حکومیتیدیکی خطای مستبد دائیره لرينك 1946- يل 6— ايپونديكی تنچلق بتمنی بوزوشی

اورومچی حکومت ترکیبیدیکی خطای مسـ— تبد دائیرەلری 1946 — یل 6 ایپوندیکی تنچلق بتمگە امضا قلغان کوندین باشلاب اونوڭدین کیینکی واقتلار نك همەسیدە بتمنی ساباتاژ ( 1 ) قلب اوچوقدین اوچوق بوزدی. اولکەاحوالینی مرکبلەشتوروش اوچون اغوا تشکیل قلدی. اولکە خلقینك ملی ئازادلق حرکتینی بوغماق اوچون و ئازادلق حرکتلر نتیجەسیدە ایلی، ئالتای، تارباغاتای ولایتلریدە نورغونلیغان قربانلەر بیریب قان توکوب ئالغان انسانپەتچیلك حقوق و ارکینلکلرنی یوقاتماق اوچون

---

(1) ساباتاژ — فرانسوزچە سوز بولوب، کورونوشدە اشنی بجریواتقانلەك قـلـب، عملدە اونك عکسینچە اشنی بوزغوچیغا ئەیتلیدو.

اووەلقىدەك مستەملىكەلەرنى ئىدارە قىلالمايدى
غانلىقلىرىنى سەزمەكتە، شونىڭ ئوچۈن جهانگىرلەر
تشكل جهتىدىن ئوزگىرىش كىرگۈزۈپ مستەملىكە
لەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئورونماقتا. حاضر 20 -
عصر. بۇرۇنقى اصوللار بىلەن خلقنى ئالدالمايتتى
شونىڭ ئوچۈن يېڭى اصوللار قوللانماقتا. شۇن
داقتىمو ئەمدى مستەملىكەچىلەر مستەملىكە ئەللىرى
نى ئالدىيالماس.

بزنى چىرايلىق سوز چىرايلىق اسملار بىلەن هېچ
كم ئالدىيالمايدو. بزنىڭ ئولكەمزنى „شنجاڭ» دە
سۇن „چىنى تورکستان" دەسۇن، نەمە دېسە دېسۇن
خلقىمزنىڭ ئەركىنلىك حقوقلىرىنى ئوز قولىغا ئالىشى شەرت!
مانا بزنىڭ بوگونكى قلىۋاتقان چېلىشىمزنىڭ نشانى

1946 - يل 6 - سېنتابر

(1) ا. ا امضاسى بىلەن ئارناق ئۈچىگە يېزىلغان جملىلەر گېنىرال جاڭ سوزىگە يازغوچىنىڭ بەرگەن تۈشەندۈرۈشى.

.........................

### 2- خطاى مستبد دائرلرينىڭ 3 ولايتنى اقتصادى جهتدىن بوغۇش پلانى،

ئولكەلىك حكومت تركيبىدىكى مستبد دائرەلرىنىڭ 3 ولايت خلقىغە نسبەتەن معامىلەسىنى ئالىدىغان بولساق فاكتلەرنى اوزلرى اوچون اوزلرى ئيتالايدو. بلكم بزلر بتم توزولوشى بلانلا بتمنىڭ تگيشلىك ماددىلرىگە نسبتەن عسكرلرىمزنى اوزلرىنىڭ دائىمى توريدىغان اورونلرىغا يوتكەب ايلب كەتكەنلىكىمز و اولارنى بتمگە موافق قايتىدىن قوروب چققانلىقىمز اوچون ئخەنسو عملدارلرىنىڭ هيچ قايسىغا چەك قويماى، حتى شو جملەدىن خطاى مستبدلرىنىڭ الڭ اشدى رئىسى كىبى تون بەغەرەز منصبدارى مسعودنى شو مستبد تركوم ايچىدىن چقارماسدىن 3 ولايتكە چەكسىز يولنى ايچپ قويغانلقىمز اوچون اوچ ولايتنى اوز ئارا بئونلەى بولوب تاشلاشقا 3 ولايتنى ئەمەس حتى ولايتلر اچىدىكى ناحيەلرنى بىر برىدىن ئاجرتىب بولوب تاشلاشقا 3 ولايت اقتصادىنى بوزوب تاشلاب 3 ولايتنى ئاخرقى چەككە قدر گادايلاشتوروشقا امكانيت بەرگەنلىكىمز اوچون توخناليغان عنصرلرىنى ستيپ ايلشقا تولوق امكانيت بەرگەنلىگىمز اوچون 3 ولايت نچەسە اركنلىك بلەن .. تونچولوق اشنى ايلب بريشقا امكانيت بەرگەنلىگىمز اوچون

تشكيلى يوسونىدا پلانلىق فعال حركتىنى ترقى ئەتكوزدى . ساباتاژ قيلىش بتمنى قوپال بـوزوش بزنىڭ خلقىمزگە قارشى اغىر الار تشكيل قيلىش دەليللرينى هەممىسىنى بو يەردە كەلتوروب اوتوشى تەس گەپ. چونكى بو وافتنىڭ ايچيدە اونداق اشلەر نهايتى كوب بولوب اوتدى و اولارنىڭ هەمەسى تېخى بزنىڭ هەممزنىڭ ئسىمزدە بار .

مەن بولارنىڭ اچىدن بزنىڭ خلقىمزنىڭ هەممىسىنى نفرەتلەندورگەن قهرى غضبىنى قايناتقان باشقا بتون مملكتلردىكى انسان پرورلرنىڭ سەفراسىنى قوزغايدىغان الڭ قوپاللرى اوسىدىلا توختاب اوتمەكچى بولىمەن .

مثلا خلقى مستبد دائرلرينىڭ بتون ماددىلرىغا بنائەن ۋولايتكە نسبتەن اوستيگە ئالغان مجبوريتلرينى قوپاللق بلەن بوزوش توغرولوق سوز ئاچمايلا بتون اولكە بويىچە ترقى پروەر ارىبلرنى عاممەوى قاماش، جنوبدا عموەمى خلق يغىلىشلريغا اوق اتىش، خلقنىڭ مدنى ئاقارتىش اويوشمالرينى تار مار قيلىش، فاشستلىق تيرور گروپپلرنى تشكيل قيلىش، قىشقەر تاشقىلقدىكى باسقونچى اخمد بەگ‌كيگە اوخشاش خلققە جبرا بيريش — جبر قيلىش ، قوراللق بولاقچلر توپىنى تشكيل قيلىشقا اوخشاش اشلر نيڭ ئالسىق كيفايە قيلىدو .

بولاشقچیلیق هجوم قیلیدیغان ایشلرینی اوگوتوش
اوچون بزنیڭ ولایتلریمزگە قولیغا قورال ایلیپ
ارکینچیلیك بیلەن اوینایب کتیدیغان باسقونچیلار
نیڭ جازاسینی بریپ ایکنچی ئاندااق یولغا باس
مایدیغان قیلیپ قوییوش وافتی ییتیپ کەلدی .
شونیڭ بیلەن بز خلقیمزنیڭ تینچ تورموشینی تامین
ایتشیمز لازم و اولارنیڭ شخصی ملکینی ساقلی
شیمز لازم . اگر مستملیکیچی خطای مستبد
دائیرەلری اوزلری بقیپ چوڭ قیلغان ایتلارینی
یینە بزنیڭ تینچ یاتقان خلقیمزنی غالجرلارچە
تالاشقا کوش - کوش سیلیپ قوییوپ جبر ظلوم
نی خانەوەیرانچیلیقنی تاماشا قیلماقچی بولسا، منگ
چە بز خلقیمزنیڭ تینچ و خاطرجمع تورموشینی
تامین اتمەك ئوچون املی ئەڭ کەسکن چاریلار
بیلەن ئاندااق بولاشقچیلیق. باسقونچیلیق هجوملار
نیڭ توەورینی قرقیپ تاشلیشمز کیرەك بولودو.

بز کینکی کونلەردە ئالتای وە تارباغاتای ولای
یتیدە بولاڭ - تالاشقا ئوچریغان خلقلریمز طرف
یدینمو شونوقغا ئوخشاش طلبلارنی ئورغون ئاڭ
لیدوق . البتە طلبلارنیڭ قهری، غضبی طبیعی وە
قانونی عدالتچیلیك طلبلریدور.

اشپیونلارنی، اش بوزارلرنی ایوەتشکە کەلگ
یول قویغانلقمز اوچون و باشقا شونوڭغا اوخـ
شاش بورغونچولوق بولگونچیلك فیتنە — اغـ
وا لـ...ریغا یول قویغانلقیمز اوچون الڭ ئاخریدا
اولکیندیکی خطای عسکرلرینڭ قوماندانی سوڭ
شی لیەن قوراللاندورغان عثمان و قالی بلکە
باندیتلرینی ئالتای و تارباغاتای ولایت خلقلرید
نڭ مالرینی تالاب ایلشقا خوتونلریغا باسقون
چیلق قلشقا بالیلارنی اولتوروشکە اوزلرینی خا
نە وەیران قلشقا قویوب بەرگینمز اوچون بتمنی
بز بوزغاندورمیز.

خطای مستبد دائرلری تنچلق بتمنی اورون
دیمایلا قالماسدن تا بوگونگە قدر ڭ ولایتدە
تنچ حیات کوچورواتقان خلقلرنی بولاش تالاش
و تار - مار قلش یڭگی - یڭگی ئاوانتیوریستلق
(I) پلانلرینی قوروشدن توختالمایواتیدو. بو
یلنڭ مای ئایدا تارباغاتای ولایت قوبق ناحیە
میزگە یڭگی قوراللق هجوم بولوب خلقیمز نڭ
مالرینی بولاب ایلب کەتتی.

املی بز مینڭچە یتەرلك دەرجیدە صبرلیك بلەن
هر خل حقارەتلرگە و مادی زیانلارغا چیدیدوق.
خطای مستبد دائیرلری طرفیدین قوتورتو
لوب اویاتسیزلق بلەن بزنڭ ولایتلریمزدە قوراللق

بىلەن 3 ولايەتنى اقتصادى محاصرەگە ايلىشقا اورونو
دو. بو محاصرەنىڭ كوزگە كورىنەرلىك بەلگو
لىرى توبەندىكىلەردن عبارەت:
1— خطاى مستبد دائيرەلرىنىڭ مأمورى ادا
ريلار و ملى ارميەنىڭ تأميناتىنى بەرمەسلىگى
حكومت ادارەلرى وە ميللى قوشوننى تأمين
لەش اوچون صرف قىلىنىدىغان سەرمايە بود
جيتىنىڭ ئاساسى ماددىلرىنى تشكيل قىلىش ھەم
ميكە معلوم. شونىڭ ئوچون خطاى مستبدلرى ا
ئاقىلق رەوشدە 3 ولايت رھبرلىگى دولت اد
رەلرىنى يولغا قويالمايدو. ئاز تولا جەڭگەيا
راقلق عسكر ساقلىيالمايدو؛ چونكى اونىڭ او
چون تورغونلىغان ماددى خراجتلەر طلب قىلىنىدو.
دەب حسابلاب، بزنى تأمين قىلىشنى توختاتدى.
ليكن عمليتدە تورموش وە تجريبە اونىڭ عك
سىنى كورسەتمەكدە، مەن بزنىڭ كچككينە او
توقلرىمزنى چوڭ قىلب وە بوياب كورسەتمە:
چى امەسمەن، ليكن مەن خلقيمزنىڭ اكثرى كوپ
چولو گىنىڭ اركىنلكلرىنى وە مستقللقلرىنى، او
زىنىڭ كوزىنىڭ قارچوغىدەك ساقلاشقا حاضر
ايكەنلكلرىنى اثبات قىلب تورغانلقلرىنى وە ئاي
ريم مستبد عنصرلەردن باشقا ھەمە خلقمزنىڭ
موشو يولدا قوربانلار بيرشكە قزغين كوڭول
لرى بلەن راضى بولغانلقلرى نتيجەسيدە بز

ئاز اهمیتکه ایگه بولمیغان تنچلق بتمنی بوزوش
قصدیده ئوچ ولایت بلەن ئولکولوك حکومت
ئاریسیدیکی مناسبتنی کەسکینلەشتوروگەن
اوروەچی حکومتینك ئککنجی ئنتلگەن مسئلەسی
خطای مستبد دائرەلرینك 3 ولایت اقتصادی ئا
ساسینی پارتلتیب تاشلاب، بزگە قاراشلق یەر
لەردە خلقلەرنك تورموش کوچوروش شرائی
طینی ایغرلاشتوروش، خلقلەر ئارسیدا مسلمان
مللی ئازادلق حرکت رهبرلریگە قارشی عاممه
ونی ناراضیلق توغدوروش وە بزنك ئاکااوکا
اوغوللریمزنك، وطنداش- قریندا شلریمزنك قینی
نك بدیلیگە قولیغا ئالغان حقوقلرنی خلقیمز
دن تارتب ایلشدن عبارەت ایدی.

اقتصاد هر قانداق مملکت تورموشینك ئا
ساسی فاکتلریدن بری وە ئەك دهیدی ایکەنلی
گی همیمزگە معلوم. دولت مالیەسینك حجمی
دولت سەرمایەسینك ریجەلشیگە، ماددی ئاسا
سی مدنی یوکسولوش وە خلق تورموشینك یاخ
شیلنشیغا باغلق ایکەنلکینی همیمز بلیمز. حاضر
بزنك ئنتیلشیمز مانا شونکغا یالغوز شونکغا قا
ریتلغان. لیکن مەن شونی ایتب اوتوشوم کیرەک
کی؛ خطای مستبد مستملیکەچیلەر قولیدن کەل
گەن بارلق یوللار بلەن بزنك کورگەن چاریلریمیز
مزنی بوزوشقا تریشدو. وعلاجنك باریچە بوتون کوچی

غۇلجا بازارلریدیکی ماللارنڭ بازاربهاسی :

| ماللارنڭ اسمى | اولچەمى | بهاسى اورومچى | غولجا | پراتسينت |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئالتون | سەر | 60·000·000 | 1·900·000 | 3·158 |
| تللا | دانە | 15·000·000 | 950000 | 1·577 |
| گ.يامبو | يۇزسەر | 30·000·000 | 2·300·000 | 1·304 |
| مەلسىكن | گەز | 500000 | 13·900 | 3·615 |
| چت(كەڭئانلك) | » | 200000 | 10·800 | 1·851 |
| سارحى | » | 4·000·000 | 144000 | 2·777 |
| قند(چاقماق، | كلو | 600000 | 11·000 | 5·454 |
| سەرەڭكە | ياشچىك | 27·000·000 | 390·000 | 6·923 |
| عون | يوزجڭ | 2·400·000 | 130·000 | 1·846 |
| ماتا | دانــە | 200·000 | 30·000 | 0·666 |
| قوی | » | 3·000000 | 200,000 | 1·500 |
| 88-چای | » | 1·600·000 | 200·000 | 0·800 |
| توز | كورە | 300 000 | 36·000 | 0·833 |

بو رقملەر 3 ولايت دائرىسىگە اورومچى طرفدن كرگوزولىواتقان قممىتى يوق قەغەز ئاقچىلار نڭ 3 ولايت بازار بهاسىغا قانچىلىك تاثير يەتكوزەلەيدىغانلىقىنى كورسوتودو.

بز طرفدن پاخال پوللارنڭ بز طرفكەمخفى يول بلەن تاغارلاب كەلتورۇلوشىگە قارشى قلىنىواتقان چارىلار يتەرلك بولماي تورودو.

خلق سەرمايەسينى صفربرلككە كەلتۈروب، بو
گونكى كونلدە دولت ادارەلرينىوە مللى قو
شونيمزنى قوراليغانلقيمزنى كورسەتمەكچيمەن.
شونك بلەن بللە بزنك مدنى-ئاقارتش اشلريمز
ديمو اوتوقلريمز يامان ئەمەس، مكتب، كينو،
شفاخانە وە شونكغا اوخشاش مدنى-ئاقارتش
اشلريمزغا بودجتنك 3دن برينى صرف قلماقـ
لديمز. شونداق قلب خطاى مستبد دائيرەلرينك
يزگە سەرمايە بەرمەسلن، اقتصاددن محاصرەدە
بوغساق، اوزلرينى تاءمين قلالماسلن 3 ولايت
تشكيلى جهتدن ياشالماى اوز—اوزيدن بوغو
لوب يوقولودو—دەب قورغان پلانلرى تارماربولدى.
2 - خطاى مستبد دائريلرى تا شو كون
گيچە مخفي پول بلەن بهاسى چوشوب كەتكەن
قەغەز ئاقچىنى كرگوزوب 3 ولايت ماليە تو
زومىگە ترتيبسزلكلەر توغدورماقدا. اورومچى وە
غولجا بازار بهالرى هەممىگە معلوم. مەن بو
يەردە اورومچى بلەن غولجا بازار بهالرينك اوت
تورسيديكى بر-ئيككى كوزگە كورونەرلك
فرقلەرنى سيلشتوروش بلەن 3 ولايت اقتصادي
غا يەتكوزيوانقان تاءثيرينى كورسەتمەكچى
بوليمەن.

1948 — يل 15 - ايپولغا
اورومچى وە

لاشقا لازم بولغان وە مالیە انتظامىنى بوز
غوچىلەر بىلەن قاتتىق كورەش ایاب بېرشقا ما
هېر بولغان اورونىنىڭ بولماسلىغى سەبەب بول —
ماقدا.

خطای مستبد دائرەلرىنىڭ بارلق اغوا ئىش
لرىگە قارىماسدن بز اقتصادی مسئلەلرىمزنى
يشىشىمز يامان ئەمەس ايكەنلكىنى، شوننىڭ بىلەن
كون ساناب 3 ولايت خلقىنىڭ تورموش احوالى
نى ياخشىلاب كېتىب بارغانلقىمزنى، وە خلقى
مزنىڭ اوز ئەركىنلىگى وە مستقللىگى اوچون
قلغان كورەشلرىنىڭ نتيجەسىنى سېزىپ انقانلىغى
نى تورموش تجربەسى كورسەتمەكدە. لېكن
بز بوننىڭ بىلەنلا قناعتلنىشىمز وە خاطرجمع بو
لوشىمز يارىمايدو. بزنىڭ تېخى كامچىلقىمز،
خطالقلرىمز وە بزنىڭ رەهبرى خادملرىمزدن
قىلدن ماليە انتظامىنى بوزوش اشلرى نور
غون. اولار گاهىدە اوزلرىنىڭ چوڭقور اويلان
مىغان وە اوزلرى ئاڭلاب يەتمىگەن حركتلرى
بىلەن يولسز وە اورونسز خراجىلەر قىلىپ بزنىڭ
اقتصادىمزنىڭ مستحكەملنشىگە زەرىيە تكوزودو.

بز رهبرى مالیە خوجلوق اورونلرىمزنى
كون ساناب مستحكەملەب بېرشىمز لازم. ئو او
رونلارنى 3 ولايت اقتصادىنى مستحكەملەشكە قا
ريتلغان مسئلەلەردن يشىشكە قادىر بولغان، هر

شونىڭ اوچون بو بر مسئله اوستىده نهايتى جد
دى شغوللىنيشيمىز ضرور بولوب توروردو.
3 - بزگه كليواتقان قمىيتى يوق ناقچيـ
غا بزنىڭ ماددى ناساسيمىز بولغان قمىتلىك ماللرىـ
مىزنى سىتب ايلب بو يه‌رده ساقلاب قويوشى يا
كى اكثرى كوپچولوگينى 3 ولايتنىڭ سرتيغا
ايلب چيقب كيتشى بله‌ن بزنىڭ اقتصاديمزغا چوڭ
ضربه بيرب احواليمىزنى مركّكه بله‌شتورمه كده
بولارنىڭ همسينىڭ سرتيدا خطاى مستبد دائرىـ
لرى بزنىڭ اقتصاديمىزنى اوز اچيدن بوزويتشـ
اوچون جنينىڭ باريچه ترشيدو وه بو مقصدگه
يتش اوچون البته مستبد عنصرلردن وه اوز
لرى ئه‌وه‌تكه‌ن تشفيونلاردن پايدلنشقا اوروـ
نودو. بوموالبته بزنىڭ ساقلنشيمىزنى طلب قليـ
دیغان اوشايسز فاكتلرنىڭ برسيدور.
اگر 3 ولايت اقتصادى قيينچلقينى ايغرلاشـ
توروشقا بر طرفدن بو ولايتلر رهبرليگينىڭ
قارقاق بولوشى سبب بولوب وه دولت سه‌رماـ
يه‌سينىڭ توغرى وه به‌لگولوك مقصدگه صرف
قلنشينى تفتيش وه نظارت قيلب يوروش او
چون بربرى بله‌ن محكم باغلنشينىڭ بولماسلقى
اوشايسزلق توغدوروب به‌رگه‌ن بولسا، ئيككنـ
جى طرفدن بز كوزيمىزنىڭ قارچوغيداك ساقـ

حركتى ئالتاى ولايتينى قاندىاق محتاجلق و خا
فە ويرانچىلق احوالغا ايلىب كەلگەنلىكىنى كور
سەتمەك ئوچون شو حقدىكى جەتلىن بر ايكى
رقيمنى كەلتورسەك كفايە قىلىدو.
ئالتاي ولايتىنى عثماننىڭ بولاڭچىلەر توپى
تالاپ كەتكەندىن كيين يور گوز ولگەن تكشوروش
اشلرى، قاراقچيلەر خصوصى كشيلەرگە
10,575,367,741 اولكە دوللارى بولندىن باشقا
حكومت ادارەلريگە 2,942,342,949 اولكە دوللا
رى زيان يەتكوزگەنلىكىنى كور سوتىلدو. بو
لارنىڭ هەمەسيدىن تاشقرى وە ايغرى بو باسقونچىنىڭ
ئاياق ئاستيدا قاشوكونگيچە كوك توغاى، چين
گيل، بورولتوغاى ناحيەلريدىن زورلوق بلەن
هايداپ ايلب كەتكەن بزنىڭ ئاغا ـ اينيلريمز، ئا
چا ـ سينگللريمز ئاتا ـ ئانالريمز ظـوم و دەرت
تارتماقدا. موندىاق جفادا قالغان ئادملريمزنـىڭ
سانى 3694 عائيلەدن عبارت بولوب 17,813 كشى
حسابلنيدو. اولار بلەن برگە قو شوب هايداپ
كەتكەن ماللارنىڭ سانى 38420 باش ئات، 6,555
باش سيير، 17212 توياق قويدىن عبارتدور. اوز
لريڭز كوروب توروبسزلەر، منا بو بزگەيللق
بودجەتنىڭ 3دەن برينى تشكيل قيلىدىغان مقدار
دا نهايتى نورغون زيان يەتكوزدى. ماددى باي

دائیم مالیه انتظامی اوچون کوزهش ایلب بار
مایغان، پولنڭ خراجت قلنشیغا دقت بلهن قاراب
توروديغان وه اوز واقتيدا دولتنڭ پول وه قممت
ئرسلرينڭ اورونسز خراجت قلنشيني توساب ئا
لالايديغان ئش تجريبهسيله سينالغان خلمتچي
لهرني سايلاب ايلش يولي بلهن مستحكملهشيمز
ضرور.

## 3 — خطای حربیلرینڭ قورالـلـق باسقونچیلار تشکیل قلیشی

خطای مستبد دائرهلری بزنڭ سیاسی- اقتـ
صادی احوالیمزنی بوزوش اوچون بارلق یول
لارنڭ همهسیدن فایدلنیدو- دهب یوقوریدا
ئهیتب اوتکهن ایدم.
اوزینڭ حیوانچیلق شخصی منفعتلری او
چون خطای مستملکهچیلریگه ستیلغان، بزنڭ خلـ
قیمزنڭ دوشمهنلری خائین، اغواگهر عثمان وه
قالی بیکلهرنڭ وحشیلکلری وه قوراللق باسقونـ
چیلق هجوملری تیخی هیچ قایسیمزنڭ ئسیمز
دن چقمیغان فاکتلار اوستیدن توختاب اوتمهی
بولمایدو.
خطای مستملیکچیلرینڭ زهنجردیکی ئیتی، خطای
فاشیستلرینڭ تاپشوروغینی ئارتقار غوچی —
ئاگنیتی خلق دوشمهنی عثماننڭ باسقونچیلق

بلەن ئالتاي اقتصاديني اوز عکسيگە کەلتوروش
شکل ايکەنلكيني کوروب توروبدو. شونينك
اوچون ئالتايغا ياردم کيرەك ايکەنلکيني بويرده
ايتميساقمو بيلب ايلش ايغر گەپ امەس اەكا
ئيتيمز بلەن حسابلاشب توروب كوچيمزنك يەتيشي
چە ئالتاي ولايتيگە بز ياردم قيلاورق. بزبويار
دملەرنك الڭ ضرور احتياجلق جايلارگە فائدە
لانغوسيدەب اميدقيلەمز. ئالتاي خلقي عثماننك
خقيقي يوزيني ئاخرقي چەككە قەدر اوچوق
كوردي. وحاضرقي كوندە ئالتاي خلقينك اشلدي
دوشمەني عثماننك ايكەنلكيني ياخشي توشەندي.
عثمان هيچ قانداق موافيت قازينالماي 3
ولايت خلقيني اۆزيگە قارشي قيلب ئالغانلغيني
و بتون اولكە خلقينك نفرتيگە يولۆقغانلقيني
كورگەن خطاي مستبد دائيرەلري باشقا يردن
حركت قيلب كوروشكە قرار تاپدي. اونلرنك نيز
دە تاپقان ئادمي ساوەن ناحيەسينك حاكيمي
وفاسز قالي بك ايدي. اونيمو خودي عثمانغە اوخ
شاشلا سيتب ئالدي. خطاي مستملكەچيلري —
بيعندىلا ئالتاي واليسي عثمان ئوزيگە قارشي
بولاكچيلق ايشيگە توكلچيلك قلب چيققان وەسا
امدي ساوەن ناحيەسيدە اونك حاكيمي چيقيغان
بولسا و اونك ياردمچيسي و الهامچيسي خلق

ـلقنى تالاب كتشدن تاشقرى عثمان خطاى مس
ـتمليكەچيلرينك تاپشوروقيغا بنائەن ئالتاى ولا
ـيت خلقيني قاتتق دزجيدە دەهشتلك روشدە قور
ـقوتماق اوچون قيلغان زورلوقلرى، باسقونچيلق
ـلرى، ئادم اولتوروش ئشلرى، تينچ ياتقان ئادە
ـلرنى استهزا ئيتشكە اوخشاش وەشيلەكلرى
هميگە معلوم. اولارنك كوپچولوگى مطبوعاتدا
اعلان قيلينب، جاك بوجاكغا ايوديتيم بريلگەن
ايدي. خطاى مستبد دائيرەلرى اونى اعتبارغا
ئالمايلا قالماسدن و بەلكى بتونلەي چريب كەت
